# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا، پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قەتئىي تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - يېزا مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەستە قولغا كەلگەن سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلما ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تەكشى، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش، مەبلەغ، خام ماتېرىيال تەمىناتى قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيانىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشى، ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ ئۈنۈملۈك راۋانلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرى، ئەشيا ئوبوروتى زەنجىرىنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، ئۈنۈمگە يېتىشكە ماسلاشتۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان، كەسپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەر، كەلگۈسى كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم، زور تۈرلەر ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ ئىستېمال يېڭى كەسپ ھالىتىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالنى قايتا تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدىكى تۈزۈلمە مېخانىزم ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى ماسلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بوشاشماي ئاسراشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يېشىللىق بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ ئاساسنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، پارتىيەلىك كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە تەربىيەلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا، چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كادىرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشقا، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشقا سەرپ قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىڭ پارتىيەنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شەخسىيەتسىز، ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىدىن، توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىشىدىن، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىدىن، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇشىدىن، كەسكىن ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى» «ئىككى يۈزلىمچىلىك»كە قارشى كۆرەش قىلىشىدىن، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىدىن، تىرىشىپ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىشىدىن ئۆگىنىشى؛ ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاش، چىن دىلى بىلەن خەلقچىل بولۇش چاكارلىق ئېڭىدىن، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىدىن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىش، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىشىدىن ئۆگىنىشى؛ ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، قەتئىي ئىرادە بىلەن تۆھپە قوشۇشتەك يۈكسەك پەزىلىتىدىن، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش ھالىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلىشىدىن، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىشى، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىشىدىن، قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا شۇ كەسىپنى سۆيۈشىدىن، مەخسۇس بىر كەسىپكە بېرىلىپ، شۇ كەسىپتە پىشىپ يېتىلىشىدىن، تاش - تۆمۈردە ئىز قالدۇرۇش، مىخ قېقىش روھى بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇشىدىن ئۆگىنىشى؛ ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، ئاتاكىغا ئۆتۈشتەك كۆرەش قىلىش روھىدىن، كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشىدىن، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشىدىن، ئاچقۇچلۇق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، خەتەرلىك پەيتتە بەرداشلىق بېرىشىدىن، تىرىشىپ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىش، بايراقدار بولۇشىدىن ئۆگىنىشى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلايدىغان، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پاك ئەخلاقىدىن، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، نام - مەنپەئەت قوغلاشماسلىقىدىن، ئۆزىنى تەربىيەلەپ، ئەخلاق يېتىلدۈرۈش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىدىن، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يالغۇزدا، دەسلەپتە، كىچىكتە، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن، تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىل ۋە ئىمتىياز ھادىسىلىرىگە كەسكىن قارشى تۇرۇشىدىن، پاك - دۇرۇس ئەمەلدار بولۇش، پاكىز ئىش قىلىش، سەممىي ئادەم بولۇشىدىن، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىشىدىن ئۆگىنىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يولداش جاسارەت مەخسۇتتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل تەشكىللەش، قانات يايدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتىكى ئەمەلىي تەدبىر قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىلغارلارغا سېلىشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىغا رىشتە باغلاپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش ئىرادىسى، تېخىمۇ قەيسەر ئىستىل بىلەن بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى ھازىرقى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا مەكتەپلەردە يۇقۇم يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىنى قوغداش، مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن باشلاپ تۈركۈمگە ئايرىپ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش باشلىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نورمال ئەسلىگە كېلىشى ئاساسىدا چىقارغان مۇھىم قارارى. ھەرقايسى جايلاردىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپكە قايتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، مەكتەپ باشقۇرۇش، مائارىپ ئوقۇتۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ قاتتىق ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، ئىككىلىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك. تەدبىرلەرنى ئىلمىي، دەل جايىدا ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوقۇش باشلاش خىزمىتى لايىھەسى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش خىزمەت لايىھەسى ۋە تۈرلۈك جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تولۇقلاپ، مەكتەپكىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشلارغىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەلتۆكۈس تۈزەپ، سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق ئادەم زىچ رايونلار ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش كۈچلىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق سەپلەپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش خىزمىتىنى ياخشى تەشكىللەپ، مەكتەپكە قايتىش ئۆلچىمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپكە قايتىش سەپىرىدىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بېكەتتە كۈتۈۋېلىش مۇلازىمىتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپكە قايتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىشنى باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توپلىشىپ غىزالىنىش ۋە يىغىلىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ياتاقتا يېتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر بولغان مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ جايىدا بولۇشى، مەكتەپنىڭ بىخەتەر بولۇشى، ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە كومىتېتلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەرقايسى شۆبىلەر، فاكۇلتېتلار، تارماقلار، سىنىپلار مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، سىنىپ مەسئۇلى، يېتەكچى قاتارلىق بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك. مەكتەپتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆرىشىدىكى بىرىنچى سەپتە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك.

سۆھبەت يىغىندا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قاتارلىق بەش ئالىي مەكتەپنىڭ پارتىيە كومىتېتى شۇجىسى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لى پېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ئارشاڭ مەكتەپ رايونىغا بېرىپ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم مەكتەپ پارتىيە كومىتېتى بەنزىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن رېن خۋا، لۇ شۆپىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 30 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر گېنېراتورى سىغىمچانلىقى 19 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، قۇمۇل شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى توققۇز چوڭ شامال رايونىغا تارقالغان؛ فوتوۋولت گېنېراتورى سىغىمچانلىقى 10 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېشىل، پاكىز ئېنېرگىيەنى تورلاشتۇرۇشى ۋە ئىشلىتىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر تورىنىڭ تور رامكىسى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئەلالاشتۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 2019 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 750 كىلوۋولتلۇق يەكەندىن خوتەنگىچە بولغان توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. شەرقىي جۇڭغار - جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل، ئېلېكتر تورى تور رامكىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى 750 كىلوۋولتلۇق بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي، مورى توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى پىلانلىدى، بۇ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرىدۇ.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش - كونترول قىلىش مەركىزى ئۇنىۋېرسال تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى گو شياۋلۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يول» ياسىغاندىن باشقا، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى يەنە شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى «ئىككى بازار»نى مەۋقە قىلىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بازارلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش بوشلۇقىنى سىجىل ئاچتى. 1 - پەسىلدە، يېڭى ئېنېرگىيە ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» كۆلىمى 4 مىليارد 200 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» بويىچە توك مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 20% ئەتراپىدا بولدى.

مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە توك تارقىتىش مىقدارى 60 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2019 - يىلىدىكىدىن تەخمىنەن 6 مىليارد كىلوۋات سائەت ئاشىدىكەن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، پۈتۈن يىلدا 24 مىليون 240 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، 63 مىليون 500 مىڭ توننا كاربون IV ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتقىلى بولىدىكەن.